ئىلكتاپ ئىشلىگۈچى مىسرانىم مۇنبىردىن SaZGuRi:

ئەسكەرتىش :مەركۇز ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مىسرانىم توردىن ئېلىنغان بولۇپ ئىلكتاپ ئىشلىگۈچى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ....



WwW.BbS.MiSRaNiM。CoM

# پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق ـ ئۇيغۇرلار

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

## كىرىش

بۈگۈنكى كۈنلەردە ، جۇڭگو تەرىپىدىن رەسمىي ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ نام بېرىلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشاۋاتقان مەزكۇر زېمىندىن باشقا يەنە چەتئەللەردىمۇ ئۇيغۇر دىئاسپورىسى مەۋجۇت.

چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇقىغا تەۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرگە جايلاشقان .ئۇيغۇرلار ئالدى بىلەن جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىكى قولايلىق شارائىت تۈپەيلىدىن قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ جۇمھۇرىيەتكە كۆپرەك تارقالغان .

ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رەسمىي ئىستاتىستىكىلىرى بويىچە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈنلەردە قازاقىستان ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ئەڭ كۆپ دۆلەتتۇر. قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 2012 ـ يىلىدىكى ئىستاتېستىكىسى بويىچە ،بۇ جۇمھۇيەتتىكى ئۇيغۇرلار 532،237 نەپەر بولغان .(1)

ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا، قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، 2012 ـ يىلىدىكى قىرغىزىستاننىڭ دۆلەتلىك ئىستاتېستىكىسى بويىچە ئالغاندا، ئۇيغۇرلار50 مىڭ نەپەر(2) .

ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى2000 ـ يىلىدىكى سانلىق مەلۇماتتا 526،19 نەپەر دەپ ئېيتىلغان .(3)

تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز بولۇپ، بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات يوق 1890 ـ يىلى، 270 ئائىلە، يەنى 1307 نەپەر ئۇيغۇر يەتتەسۇدىن تۈركمەنىستاندىكى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ئۇلارنىڭ سانى 1990 ـ يىلى 1392 نەپەر، 2010 ـ يىلى، 2000 نەپەر دەپ ئېلان قىلىنغان. 1928 ـ 1929 ـ يىلىدا، بايرام ـئالىدا ئىككى ئۇيغۇر كولخوزى قۇرۇلغان ئىدى (4)..

ئەمما ، تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇس ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر يوق بۇ جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاز جاي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىكىستاننىڭ 1926 ـ يىلدىن تاكى 2009 ـ يىلغىچە بولغان مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئىستاتىېستىكىسى تەركىبىگە ئۇيغۇرلار كىرگۈزۈلمىگەن.

لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەيلى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئىشەنچ قىلمايدىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئەمەلىيەتتە بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆپ ئىكەنلىكى ھەققىدە قاراشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى مەۋجۇت.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار جۇغراپىيىلىك ۋە تىل ـ دىئالېكت ئالاھىدىلىك بويىچە ئىككى ئاساسىي گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پەرغانە گۇرۇپپىسى، يەنە بىرى يەتتەسۇ گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەرغانە گۇرۇپپىسى ئاساسلىقى ئەسلىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار رايونىدىن كۆچۈپ چىقىپ، پەرغانە ۋادىسىدىكى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ شەھەر ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئورۇنلاشقانلار بولۇپ، بۇ گۇرۇپپا تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك ئاھالىلار تەرىپىدىن "قەشقەرلىكلەر" دەپ ئاتالغان ئىدى.

يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى، ئاساسلىقى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان ۋە 1882 ـ يىلى رۇسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسى ئايرىلغاندا ئىلى تەۋەسىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن تارانچىلار ، يەنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى شۇنىڭدەك1955 ـ 1962 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئىلى ۋە باشقا شىمالىي رايونلاردىن كۆچكەنلەردۇر.

بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار تىل جەھەتتىن ئالغاندا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەركىزىي دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولۇپ ، پەقەت ئايرىم شۇبلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە خالاس. پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ، يەنى بۇرۇنقى قەشقەرلىكلەر قەشقەر شۇۋىسىنى ئاساس قىلغان يەتتە سۇ رايونىدىكىلەر بولسا ئىلى شۇۋىسىنى ئاساس قىلغان ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇر تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەرلىك ۋە تارانچى دېگەن ئىككى نام بىلەن ئاتالغان. ئەلۋەتتە، 1955 ـ 1962 ـ يىللىرىكى كۆچۈش نەتىجىسىدە يەتتە سۇ گۇرۇپپىسى تەركىبىگە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇرۇمچى، ئاتۇش ۋە باشقا جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلدى. تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تەركىبىگە ئىلىدىن تەۋەسىدىن كەلگەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىمۇ قوشۇلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تېررىتورىيىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، <<سوۋېت ئۇيغۇرلىرى >>، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى << سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى>>دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەندۈرۈلگەن بولسا، مۇستەقىللىقتىن كېيىن، ئورتاق سوۋېت ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان بىر گەۋدە يوقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلەرگە پارچىلىنىپ ئايرىم تەرەققىيات يولىغا مېڭىشقا باشلىدى

گەرچە، بۇ ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆت جۇمھۇرىيەتكە تارقىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم دىئاسپورىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان پەرغانە گۇرۇپپىسى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي دېگۈدەك يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ تۈگىدى ھەمدە بۇ رايوندىكى قالدۇق ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرى داۋاملىق تۈردە سىڭىش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. ئەمما، ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ پەقەت1955 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئېلىدىن كۆچۈپ

چىققان تەركىبى ۋە قازاقىستاندىن بۇ جۇمھۇرىيەتكە خىزمەت يۆتكىلىپ كىلىش سەۋەبىدىن قالغان ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى تاشكەنت شەھىرىنى مەركەز قىلىپ، ئۆز مىللىي كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئەۋلادلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن بۇ قەدەم ـ قەدەم ئاجىزلاش ھەم ئۆزبېكلىشىش جەريانلىرىنى باسماقتا.

ئەمما، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتەسۇ گۇرۇپپىسى بولسا ئۆز مىللى كىملىكى، مىللىي مەدەنىي ـ مائارىپى ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، مۇزىكىلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە ياخشى ساقلاپ قالدى شۇنىڭدەك بۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت كىملىكىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى بىر قىسىملىق رولىنى ئوينىماقتا. بۇ گۇرۇپپىنىڭ يەرلىك قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق خەلقلەرگە سىڭىپ كېتىشى ئاساسەن دېگۈدەك كۆرۈلمىدى.

بىز بۇ ماقالىدە بۈگۈنكى مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئومۇمىي ئۇيغۇر دىئاسپورىسى ھەققىدە ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئىككى گۇرۇپپا ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ پەقەت پەرغانە گۇرۇپپىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئاخىرىدا يەرلىك ئاھالىلارغا سىڭىپ كېتىپ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر دىئاسپورىسىنىڭ ئاساسلىق يادروسى بولغانلىق رولىنى يوقىتىپ قويۇشىغا مۇناسىۋەتلىك جەريانلار ھەم سەۋەب ـ ئامىللار ھەققىدە توختىلىمىز.

پەرغانە ۋادىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرلار ئەسلىدە نورمال تەرەققىيات بويىچە ئالغاندا، بۈگۈنكى كۈندە بىر قانچە مىليون نوپۇسلۇق خەلققە ئايلىنىش لازىم ئىدى. بىراق، ئۇلار ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا قەدەممۇ ـ قەدەم يەرلىك ئۆزبەكلەرگە سىڭىپ، ئۆزبەكلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈردى ھەم ئاقىۋەتتە پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقاپ كەتكەن خەلققە ئايلاندى. بىراق، ئۆزبەكلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئېتنىك، تىل ۋە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرى ئاساسىدا بۇ

ھادىسنى يوقاپ كەتكەن دېگەننىڭ ئورنىغا سىڭىپ كەتكەن دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتىم، شۇنىڭدەك ئاسسىملىياتسىيە ئىبارىسىنىمۇ ئىشلەتمىدىم چۈنكى، ئىككى ئوخشاش خەلق ئىچىدە سىڭىشىش مەۋجۇت، بىراق، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەممۇ ـ قەدەم سىڭىشىش جەريانى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشتا يەنىلا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگىدۇر. مەن بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالەمنى تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە شەھىرىدىكى ھاجى تەپپە ۋونىۋېرستېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇدۇم. 2012 ـ يىلى، 23 ـ 26 ـ ماي كۈنلىرى ئېچىلغان بۇ يىغىنغا، ئامېرىكا، رۇسىيە، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى، جۇڭگو،ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 90 دىن ئارتۇق مۇتەخەسسىس قاتنىشىپ، يوقىلىش تەھلىكىسىدىكى تۈركىي تىللار، جۈملىدىن نوپۇسى ئاز بولغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرىنىڭ تەقدىرى ۋە مەۋجۇت مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان ئىدى. مەلۇم بولدىكى، بىر قىسىم كىچىك تۈركىي تىللار ۋە توپلۇقلار تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدەممۇ ـقەدەم يوقاش تەقدىرىگە دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئالىملار بىردەك ھالدا بىر قىسىم كىچىك تۈركىي تىللارنىڭ ھامان يوقىلىشى مۇمكىنلىكى، ئەمما ئۇنى ساقلاپ قېلىشنىڭ چارىلىرىنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مېنىڭ تېمام پەرغانە ۋادىسىدىكى ئەسلىدە كۆپ سانلىق خەلق بولۇشقا تېگىشلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق بولۇپ يېقىنقى ئىككى ئەسىردە سىڭىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئانالىز قىلدىم. مەن بۇ قېتىم تېخىمۇ تەپسىلىيرەك ھالدا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنى ئوقۇرمەنلىرىمگە سۇنۇش قارارىغا كەلدىم.

**1. پەرغانە ۋادىسى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ تارىخى باغلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە**

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىي ھەم شەرقىي قىرغاقلىرىدىكى بوستانلىق بەلۋاغ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ ماكانى بۇ تۇپراقلاردىكى ئاھالىلارنىڭ قەدىمدىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ غەربىي تەرىپى، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا ، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى مەلۇم

پەرغانە ۋادىسى جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ھازىرقى ئۆزبەكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستانىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ مۇنبەت بوستانلىق زېمىندۇر. پەرغانىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆزبەكىستانغا تەۋە

جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن ئالغاندا ، تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى پامىر - ئالاي تاغلىرى ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى رايون ئارىسىنى ئېگىز تاغ - داۋانلار ئايرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن مەزكۇر ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نۇرغۇن تاغ ئۆتكەللىرى ، كارۋان يوللىرى قەدىمدىن تارتىپ ئىككى رايون ئاھالىسىنى بىر - بىرى بىلەن باغلاشتا مۇھىم جۇغراپىيىلىك قولايلىق ئاتا قىلغان ئىدى. قاراسۇ ، ئەركەشتام، تورغات، بەدەل - ئارت ئېغىزى قاتارلىق پامىر - ئالاي تاغلىرى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ مەزكۇر ئېغىزلىرى ئىككى رايون ئاھالىسىنىڭ بىر - بىرى تەرەپكە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشىدىمۇ قولايلىق شارائىت ياراتقان ئىدى. بۇ ئۆتكەللەر قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆتۈشمىلىرى بولۇپ، ھەر قانداق سودا كارۋانلىرى ۋە كۆچۈشلەر مەزكۇر ئۆتكەللەردىن ئۆتەتتى.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەدىمدىن تارتىپ ئولتۇراق ھاياتتا ياشىغانلىق ۋە تۈركىلىشىش، ئۇيغۇرلىشىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرۈشىنىڭ، شىمالىي تەرەپلەردىن كەلگەن چارۋىچى - كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ قەدەممۇ - قەدەم ئولتۇراق ھاياتقا

كۆچۈش جەريانلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان پەرغانە ۋادىسى بىلەن تارىم ۋادىسى ھەمدە شىمالدا ئىلى ۋادىسى بىلەن قوشنا قازاقىستاننىڭ يەتتە سۇ رايونى قەدىمدىن تارتىپ قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

كۆكتۈركلەر دەۋرى ( 552 ـ 704) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر دەۋرىدە ( 744 ـ 840) يەتتە سۇ ، پەرغانە ۋادىسى ، تارىم ـ تۇرپان ۋادىلىرىدا تۈركىي ـ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كەڭ يېيىلدى شۇنىڭدەك بۇ رايونلار دائىم دېگۈدەك ئورتاق سىياسىي ھاكىمىيەت ئاستىدا بولۇش دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈردى . دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بولسا ، تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسى ئوخشاشلا بىر مەھەل قاراخانىلار سۇلالىسى (840 ـ 1212)دىن ئىبارەت بىر ئومۇمىي سىياسىي گەۋدە ئىچىدە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قارا خىتايلار ۋە موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ تارىم ۋادىسى بىلەن پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلار بىر سىياسىي گەۋدە ئىچىدە بولۇشتىن قالمىدى. 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا بۇ رايونلار چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى كونتروللۇقىدا بولدى. بۇ جەريانلاردا ئوخشاشلا ئىككى رايون ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقە قويۇق بولدى. تىمۇرىلەردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ، تارىم ۋادىسىنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىن ئايرىم سىياسىي گەۋدە بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنسىمۇ ، بىراق 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەردە ياركەنتنى پايتەخت قىلغان سەئىدىيلەر خاندانلىقى(1514 ـ 1689) ئۆز تەسىر دائىرىسىنى يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىلىرىغا كېڭەيتىشكە دائىم ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئەمما ، 17 ـ ۋە18 ـ ئەسىردە بۇ رايونلار ئالدىدا شىمالدىكى جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ ، كېيىن مانجۇرلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراش ئەھۋاللىرىغا دۇچ كېلىپ ، مەزكۇر رايونلارنىڭ سىياسىي ۋە ئېتنىك تەرەققىيات تارىخىدا جىددىي ئۆزگىرىش شەكىللەندى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئىككى رايون ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ئېتنىك ، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئالاقىلىرى قويۇق بولغان بولسا، 18 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىم ۋادىسىنى ئىگىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەزكۇر ئىككى رايونى ئارىسىدا رەسمىي ئايرىلىش شەكىللەندى. بۇ رەسمىي تۇردە ۋە بۇ رايونلاردىكى ئاھالىلار قەدەم ـ قەدەم بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ياشاش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ، مەركىزى ئاسىيانىڭ سىياسىي تارىخى يېڭى باسقۇچقا كىردى. غەرب تەرەپتە پۈتۈن پەرغانە ۋادىسى قوقان خانلىقى(1709 ـ 1876) ،شەرق تەرەپتە تارىم ۋادىسى چىڭ سۇلالىسى (1644 ـ 1912) تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ، مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ تۈركىستاننى ئايرىپ ئىدارە قىلىشى بىلەن رايوننىڭ سىياسىي، ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ـئىقتىسادىي ھاياتى بىر ـبىرىدىن پەرقلىق تەرەققىيات يولىغا كىردى.

چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىلىرىنى بويسۇندۇرۇشى بۇ رايوندىكى يەرلىك، يەنى شەھەر ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يېتىپ كەلمىگەن پەرغانە ۋادىسىغا ئىزچىل ۋە كەڭ كۆلەمدە كۆچۈش دولقۇنلىرىنى پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كۆچۈشلەر بولغان بولسىمۇ، پەقەت ئۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە كوللېكتىپ خاراكتېرگە بولغان ئەمەس، بەلكى قىسمەن ئاھالىلار ئارىسىدىكى باردى ـ كەلدى قىلىش ھەم ھەربىي يۈرۈش تۈسىنى ئالغان ئىدى.

تارىم ئويمانلىقى ئەتراپى 1759 ـ يىلى، چىڭ ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ تاكى 1878 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئۈزلۈكسىز قارشىلىق كۆرسىتىش، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دەۋرىگە كىردى. ئامېرىكا ئالىمى جېيمىس مىللۋاردنىڭ قارىشىچە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ

رايوندىكى سياستى تىپىك ئىمپېرىيالىزملىق ھۆكۈمرانلىق ئىدى.(5) . ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان باستۇرۇش، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بېسىم ھەم ئۇرۇشلار تارىم ۋادىسىدىكى ئاھالىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ پاناھلىنىش دولقۇنلىرىنىڭ قوزغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىپ، ئۆچ ئېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزى بېسىۋالغان جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان ئىدى. بۇنداق ئۆچ ئېلىش قوزغىلاڭغا قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان ئاھالىلارنىڭ ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پاناھلىق ئىزدەپ پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇ رايونىغا كوللېكتىپ ھاللاردا قېچىش دولقۇنلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

- - - - - - -

ئىزاھاتلار

1 ،قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتەستىكا ئىدارىسى قازاقىستاننىڭ 2012 ـ يىلى ، 1 ـ يانۋارغىچە بولغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى.(رۇسچە)

2 ،قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتەستىكا كومىتېتى قازاقىستاننىڭ2012 ـ يىلى ، 1 ـ يانۋارغىچە بولغان مىللەت تەركىبى (رۇسچە)

.

3. ئۆزبېكىستان مىللەتلەر ئاتلىسى. تاشكەنت. ئۆزبېكىستان، 2002 ـ يىلى، 217 ـ بەت
( رۇسچە)

.

4. يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركمەنىستانغا كوچۇشىنىڭ 100 يىللىقى، 1890 ـ 1990 ـ
يىللار،

1890

5. James A. Millward. Beyond The Pass. Economy, Ethnicity, and Empire in Qing Central Asia, 1759 ـ 1864. P.245 ـ 249

پەرغانە ۋادىسىدىكى سىڭىپ كەتكەن خەلق ـ ئۇيغۇرلار (2 ـ )

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش باسقۇچلىرى

ئۇيغۇر دىيارىدىن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش دولقۇنلىرى ئىزچىل ۋە ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشگە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇ خىل كەڭ كۆلەمدە ۋە ئاممۋى يوسۇندىكى كۆچۈشلەر 18 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ

يىللىرىغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان بولۇپ، بىز بۇ جەرياننى ئومۇمىي جەرياننى بەش دەۋرگە ئايرىشىمىز مۇمكىن.

بىرىنچى باسقۇچ : (1759 ـ 1760 ـ يىللىرى).

مەزكۇر باسقۇچ ، چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ رايوندا ھۆكۈمرانلىق ئورناتقان دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يۈزبەردى. دەسلەپتە مانجۇرىيىنى بازا قىلىپ قۇرۇلۇپ بارا ـبارا كېڭەيگەن تۇڭگۇس تىللىق مانجۇرلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيىسى18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ۋيغۇر ئېلى‘غا قەدەم باستى. مانجۇرلار ئالدى بىلەن جۇڭغار خاندانلىقىنى يوقىتىپ، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تەرەپلىرىنى ئىگىلەپ، بولغاندىن كېيىن،1759 ـ يىللىرىدا قەشقەرىيىنى ئىگىلەشكە ئاتلاندى. قەشقەرىيە ئاھالىسى بۇرھانىدىن خوجا ۋە خان خوجا باشچىلىقىدا چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئەنە شۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئاھالىلىرى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، قوشنا بەدەخشان، پەرغانە ۋادىسى، يەتتەسۇ ۋە باشقا جايلارغا قېچىپ بېرىپ ماكانلاشقان ئىدى. ئەنە شۇ يىللاردىن تارتىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى شەھەر ۋە دەھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئاھالىلارنىڭ ـيەنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى ئەجدادلىرىنىڭ قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ كۆلەمدە كۆچۈپ كېتىپ ماكانلىشىپ قېلىشى باشلاندى.

بۇ يىللاردىكى كۆچۈش ئىككى خاراكتېرغا ئىگە. بىرى، چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشقان ئاھالىلارنىڭ چىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈن قەشقەرىيىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ قېچىش. يەنە بىرى چىڭ سۇلالىسى بۇ جايلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قەشقەرىيە ئاھالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بۇرھانىدىن خوجا ۋە خان خوجىدىن ئىبارەت ئىككى ئاكا-ئۇكا خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن مەزھەپ قارشىلىقىغا ئىگە قارا تاغلىقلارنى قوللىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ خىل تاكتىكىسى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ كۆپلىگەن ئاھالىلارنىڭ ئۆز خوجىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ۋە ياكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشۋالغان يەرلىك قارا تاغلىق بەگلەرنىڭ زۇلۇمى ھەم چىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەدەم-قەدەم پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. چىڭ ھۆكۈمىتى تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقاندىن كېيىن، بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ھاكىمبەگلىك تۈزۈمى يولغا قويۇپ، ئاساسلىقى قۇمۇل ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئۆزلىرىگە سادىق بەگلەرنى يۆتكەپ كېلىپ، رايوننى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا سالدى. بۇ بەگلەر ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ھېسابلانغان يەرلىك ئاھالىلارغا چىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا تايىنىپ، ھەددىدىن-زىيادە زۇلۇم سالدى. چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قەشقەرىيىدە يۈرگۈزگەن بۇ خىل باشقۇرۇش تاكتىكىلىرى ۋە بېسىملىرى مانجۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىمىغان ئاھالىلارنىڭ، بولۇپمۇ مانجۇرلارغا نىسبەتەن قارشىلىق ئىدىيىسىگە ئىگە ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ ئاھالىلارنىڭ توپ ۋە ئايرىم يوسۇنلاردا قوشنا پەرغانىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئۆزلىرىدىن بۇرۇن بېرىپ يەرلەشكەن قەشقەرلىكلەر بىلەن بىرلەشتى

## ئىككىنچى قېتىملىق باسقۇچ: (1816 ـ 1864 ـ يىللىرىغىچەبولغان ئارىلىق)

19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئېلى ئۇچۇن چوڭ يېغىلىق دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1814 ـ يىلىدىن تارتىپ، تاكى 1878 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ـتۇرپان ۋادىسى ۋە شىمالدىكى ئىلى ۋادىسىدىكى ئاھالىلار كەڭ كۆلەمدە قوزغىلىپ، مانجۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى ئورناتتى. ئىلگىرى ـكېيىن كۇچارنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت، خوتەننى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت ۋە ئىلىنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەتلەر بەرپا بولدى. بۇ ئارىلىقتا پەقەت قوقانلىق ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، كۇچار، خوتەن ، ياركەنت ھۆكۈمەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى بەدۆلەت دەپ جاكارلاپ، يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ 13 يىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى ھېسابلىمىغاندا، 1814 ـ يىلىدىن 1864 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق قوزغىلاڭلار تەكرارلىق تۈسى ئالغان ئىدى. بۇ قوزغىلاڭلار غەلىبە قىلىش ۋە ئارقىدىن يەنە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قېلىش، ئارقىدىن يەنە قوزغىلىش ۋە يەنە مەغلۇپ بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولدى. بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ رېت تەرىپى شۇكى، بۇلار 1816 ـ يىلىدىكى قەشقەردىكى زىياۋىدىن قوزغىلىڭى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى1825 ـ 1828 ـ يىللىرىدىكى جاھانگىر قوزغىلىڭى، 1830 ـ يىلىدىكى يۈسۈپ خوجا قوزغىلىڭى، 1847 ـ يىلىدىكى ۋەلىخان قوزغىلىڭى، 1857 ـ 1858 ـ يىللىرىدىكى قوزغىلاڭ، 1864 ـ يىلىدىكى، قەشقەر، كۇچار، ئاقسۇ خوتەن ۋە يەركەنت قوزھىلاڭلىرى.

مانا بۇ توختاۋسىز ئۆرۈشلار جەريانىدا قەشقەرىيىنىڭ ھەر قېتىم قايتىدىن چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىغا تەكرار چۈشۈشى ئەشەددىي ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك قىرغىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەرلىك ئاھالىلارنىڭ ، يەنى قوزغىلاڭلارغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ توختاۋسىز تۈردە كەڭ كۆلەمدە ۋە ئايرىم شەكىللەردە ئۆزگە قوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىياغا، بولۇپمۇ پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ پاناھلىنىش ھەمدە شۇ جايلاردا يەرلىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

**3. ئۈچىنچى قېتىملىق باسقۇچ : (1877 ـ 1882 ـ يىللىرى ئارىسىدا)**

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ 80 ـ يىللىرىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي خەرىتىسى يېڭىدىن سىزىلىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدا يېڭى دەۋر باشلاندى . مەلۇمكى، 1864 ـ 1865 ـ يىللىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن كۆچار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. قەشقەر، خوتەن ۋە ياركەنتتىمۇ چىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. بۇ ۋاقىتتا قوقان ئوفتسېرى ياقۇپبەك جاھانگىر خوجىنىڭ ئوغلى بۇزرۇكخان خوجىنى پەرغانىدىن ئېلىپ، قەشقەرگە كەلدى. ياقۇپبەك 1865 ـ يىلىدىن قەشقەر ھۆكۈمرانلىقىنى ئىگىلەپ، ئىلگىرى ـكېيىن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى يەتتە شەھەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزدى. قەشقەرىيە ئوسمانلى ئىمپەرىيىسى، چاررۇسىيە ۋە ئۇلۇغ برىتانىيە بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئورناتقان بولۇشىغا قارىماي، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئوسمانلىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى جاكارلىشىغا قارىماي، 1877 ـ 1878 ـ يىللىرى ئارىسىدا چىڭ سۇلالىسى زور قوشۇن ئەۋەتىپ،

قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈش دولقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش بۇرۇنقى كۆچۈشلەردىن پەرقلىق بولۇپ، بۇ نۆۋەت مۇستەقىل قوقان خانلىقى تەۋەسىگە ئەمەس، بەلكى چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقى تېررىتورىيىسىگە كۆچۈش بولۇپ ھېسابلاندى.

شىمال تەرەپتە ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر ـ تارانچىلارنىڭ 1865 ـ يىلى، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قۇرغان ئىلى سۇلتانلىقى،1871 ـ يىلى چار رۇسىيە تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، 1881 ـ يىلى "رۇسىيە ـ جۇڭگو ئىلى شەرتنامىسى" ئىمزالىنىپ، رۇسىيە 10 يىل بېسىۋالغان ئىلىنى چىڭ سۇلالىسىغا قايتۇرۇپ بەرگەندە ، ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئاز ساندىكى تۇڭگانلار چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، كوللېكتىپ ھالدا چاررۇسىيە تەۋەسىدىكى يەتتەسۇغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشتى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمى تۈركمەنىستاننىڭ بايرام ـئالى رايونىغا كېلىپ يەرلەشتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش تارانچى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن "كۆچ ـ كۆچ" دەپ ئاتىلىپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن قوشاقلار ۋە خەلق ناخشىلىرى پەيدا بولغان ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ 70 ـ يىللىرىدىكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ ۋاقىتتا تۈركىستاننىڭ غەربىي قىسمى چار رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قەدەممۇ ـ قەدەم چۈشۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. تۈركىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدا بولسا بەدۆلەت رەھبەرلىكىدىكى يەتتە شەھەر دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇردى شۇنىڭدەك چار رۇسىيە يەنە ئىلىدىكى ئۇيغۇر تارانچى سۇلتانلىقىنى يوقىتىپ، ئىلى ۋادىسىنى 10 يىل ئۆز خەرىتىسىگە

كىرگۈزدى. مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئېلىدا بىر مەھەل ئۇلۇغا برىتانىيە، چار رۇسىيە، ئوسمانلى ۋە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مەنپەئەتلىرى توقۇنۇشۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تارىخىدىكى "چوڭ ئويۇن"( گرەئات گامە ) دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئىمپېرىيىلەر ئارىسىدىكى كۈچلۈك تەسىر دائىرىسى ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى خالاس!.

مەركىزىي ئاسىيانىڭ بۇ ئىككى پارچىسىدا تاشكەنتنى مەركەز قىلغان چار رۇسىيىنىڭ تۈركىستان ئۆلكىسى، يەنى <<تۈركېستانسكاي گۇبېرنىيە>> ( كېيىن تۈركەستانسكىي كراي دەپ ئاتالدى) ۋە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى تەسىس قىلىنىپ، مەزكۇر ئىككى ئىمپېرىيە بۇ رايونلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆلكە سىستېمىسىدىكى ھەربىي-مەمۇري ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇردى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ھاكىمىيىتىنى پۇقرا مەمۇرىيلار ئەمەس، بەلكى ھەربىي گېنېراللار باشقۇردى.

4 ـ قېتىملىق دولقۇن: (1900 ـ 1920 ـ يىللىرى )

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ، بۇ چاغدىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرىدا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ مەزگىلدە قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا ياۋروپانىڭ سانائەت ۋە مەدەنىيەت تەسىرلىرى

يېتسپ كەلدى. ئۇيغۇر ئېلى بولسا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان رايونغا ئايلانغان ئىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ ئىككى رايوننىڭ سىياسىي ھاياتىدا ئوخشاشلا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. جۇڭگودا بولسا 1911 ـ يىلى، چىڭ ئىمپەرىيىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگو جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە كىرگەن بولسىمۇ، بىراق ھەر قايسى رايونلار ئايرىم مىلىتارىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان يەرلىك خاندانلىقلىرىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدە گېنېرال ياڭ زېڭشىن قاتارلىق جۇڭگو مىلىتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلدى. قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، 1917 ـ يىلى پادىشاھلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلدى. بۇ ۋاقىتلاردا ياڭ زېڭشىننىڭ <<نادان قالدۇرۇپ باشقۇرۇش>> سىياستى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا سانائەت، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىقتىساد ۋە باشقا ھەر جەھەتتىن قالاق قالدۇرۇلغان ئىدى. بۇ خىل قالاق ئىقتىسادىي ھايات، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركۈملەپ، قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا، يەنى رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلارغا بېرىپ، تىرىكچىلىك قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، بولۇپمۇ قەشقەر تەۋەسىدىن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسىغا ۋە يەتتە سۇغا بېرىپ، مەدىكارچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كاسىپلىق ۋە تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەتتا زاۋۇت ـ فابرىكىلاردا ئەرزان ئەمگەك كۈچى سۈپىتىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاشتى.

شۇ يىللاردا قەشقەر تەۋەسىدىكى ھەر بىر ئائىلىدىن كەم دېگەندە بىرەر ئادەمنىڭ رۇسىيەگە بېرىپ ئىشلەش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى[6]. ئۇيغۇرلار پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

بۇ جايلارنى، قىسقىسى پۈتۈن ئۆزبېكىستاننى قىسقارتىپ، << ئەنجان>> دەپلا ئاتايتتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدەملىرى تاشكەنتتىن تارتىپ يىراق ياۋروپا شەھەرلىرى ھەتتا موسكۋا، قازان، ئورېنبۇرگ، سانكتپېتربۇرگقىچە يېتىپ بېرىپ، مەلۇم ساندىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى شۇ جايلاردىكى زاۋۇت ، كارخانا قاتارلىق جايلاردا قارا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تەخمىنەن 30 يىل داۋاملاشقان بۇ جەرياندا يەنە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ( قەشقەرلىكلەر) پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي تۈركىستان رايونىدا يەرلىشىپ قالدى.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا يەرلىشىپ قېلىشى تاكى 1920 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشتى.

5 ـ قېتىملىقكۆچۈش باسقۇچى:( 1954 ـ 1963 ـ يىللىرى)

ئۇيغۇرلارنىڭ بەشىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش دولقۇنى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرىدا قوزغالدى. بۇ كۆچۈشنىڭ سەۋەب ئامىللىرى يەنىلا ئالدى بىلەن سىياسىي، مىللەت ۋە

ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ دەۋردىكى كۆچۈش ئىككى خىل تۈس ئالدى، بىرى رەسمىي سوۋېت پۇقرالىقى پاسپورتى بىلەن ئائىلىۋى ھالدا كۆچۈش، بۇ قەدەم ـ قەدەم ۋە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتى. يەنە بىرى ئاممىۋى يوسۇندا چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈش بولۇپ، بۇ 1962 ـ يىلى يۈز بەردى. بۇ كۆچۈشكە 9 ناھىيىنىڭ ئادەملىرى قاتناشقان بولۇپ، جۇڭگو تەرەپ 60 مىڭ ئادەمنىڭ سوۋەت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلار ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

بىراق رۇس مەنبەلىرى 1962 ـ يىلى، 66 مىڭ 500 ئادەمنىڭ قانۇنسىز ھالدا سوۋېت ـ جۇڭگو چېگرىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى، 1963 ـ يىلى، ماي ئېيىدا بولسا، يەنە 46 مىڭ ئادەمنىڭ شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ قازاقىستانغا ئورۇنلاشقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ(6). جۇڭگو مەنبەلىرى 1954 ـ 1962 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ پاسپورت ۋە قېچىش ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلىكىنى قەيت قىلغان بولۇپ، جۇڭگو مۇتەخەسسىسى لى دەنخۇينىڭ كۆرسىتىشىچە، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئېنىق سانلىق مەلۇماتىغا تايانغاندا، 1954 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 86890 سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى ۋە ئۇلارنىڭ 45983 نەپەر ئائىلە ـ تاۋئاباتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلدى. 1960 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە 8559 نەپەر سوۋېت مۇھاجىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن 20907 نەپەر ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل سوۋېت ھۆججەتلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەرمۇ بار.

[7]. يەنە باشقا جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، 1954 ـ 1963 ـ يىللىرىغىچە بولغان 9 يىل ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدىن جەمئىي 198 468 ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلغان بولۇپ،

بۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇسلار 18.8 % نى ئىگىلىگەن، يەنى 18،800 ئادەم بولغان(8). قالغانلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان بولۇپ، ئەلۋەتتە يەنە قازاقلارمۇ مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ شۇنىڭدەك يەنە بۇلارنىڭ ئىچىدە تاتارلار، ئۆزبەكلەر، قىرغىزلار ۋە باشقا خەلقلەرمۇ بار.

ئەگەر مەزكۇر قانۇنلۇق قايتۇرۇلغان 198 مىڭ ئادەمگە 66 مىڭ ھۆججەتسىز ھالدا چېگرىدىن قاچقانلارنى قوشقاندا، 1954 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنلەرنىڭ سانى 260 مىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ. ئەمما بۇ ھەقتە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈرلۈك ئۇچۇرلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ك ب گ سىنىڭ مەخسۇس شىنجاڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىمى، پولكوۋنىك توقان يۇسۇباقۇن يۇسۇباقۇنوفنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، 1955 ـ 1963 ـ يىللىرى ئارىسىدا شىنجاڭدىن جەمئىي بىر مىليون ئادەم ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدۇ.

3. كۆچۈشلەردىكى ئاساسلىق سەۋەب ـ ئامىللار

1759 ـ 1760 ـ يىللىرىدىن تارتىپ تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كۆچۈش كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب ۋە ئامىللار ھەر خىل بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئامىل رايوننىڭ سىياسي ھاياتى، يەنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي ئەركىنلىك غايىسى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلىرى بىلەن رايوننى بېسىۋالغان تاشقى كۈچلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن باستۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىن ئىبارەت ئىدى. بەلكى، 18 ـ ئەسىردە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى بۇ رايونغا بېسىپ كەلمىگەن بولسا، 18 ـ 19ئەسىردىكى بۇنداق كۆچۈشلەر بولمىغان بولار ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرى ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ، بۇ جايدا بىر ئايرىم ھاكىمىيەت قۇرۇلغان بولسا، بەلكى20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرىدىكى كۆچۈشلەر بولمىغان بولار ئىدى.

18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى كۆچۈشلەر بىلەن 20 ـ ئەسىردىكى كۆچۈشلەردە ئورتاقلىق ھەم قىسمەن پەرقلىق ئۆزگىچىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇنى ئىككىگە بولۇپ تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن:

1) 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى كۆچۈشنىڭ خاراكتېرلىق سەۋەب ـئامىللىرى

ئومۇمەن قىلىپ، ئېيتقاندا 18 ـ 19 ـ ئەسىردىكى كۆچۈشلەر ھەر بىر قېتىملىق چىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە چىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشى ۋە جازالىشىدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بىرى خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى

قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەمدە خوجىلارغا سادىق ئاھالىلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز بۇ يەردە بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز:

مەلۇمكى، 19 ـ ئەسىردىكى كۆچۈشلەردە مانجۇ ـ چىنلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەنسىرەش ئامىلىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى، 1881 ـ 1883 ـ يىللىرى ئارىسىدا رۇسىيە تەۋەسىدىكى يەتتەسۇغا كۆچكەن تارانچى ئۇيغۇرلىرىدا ئېنىق بولغان. ئەنە شۇ تارانچىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن ھەمدە ئۇلار بىلەن كۆپ سۆھبەتلەردە بولغان رۇسىيە تارىخچىسى رومىيانسېۋ تارانچىلارنىڭ ئىئىلى چىنگە قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، چىنلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ رۇسىيە تەۋەسىدىكى جايلارغا كۆچۈش يولىنى تاللىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[8]. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئىلىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلىدىكى تارانچىلار ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا قورقۇنۇچ ۋە ئەندىشە ھەم پانىكلار كۆتۈرۈلگەن ھەمدە تارانچىلار يېزا يېزا بويىچە كۆچكەن، ئىلىدىن كۆچكەن بۇ ئاھالىلارنىڭ سوتسىيال تەركىبى شەھەر ئاھالىلىرى، سودىگەرلەر، قول ـ ھۈنەرۋەنلەر ۋە دەھقان يېزا ئاھالىلىرى ئىدى[9].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قانلىق باستۇرغانلىقى، قوزغىلاڭغا قاتناشقان خەلقتىن رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش بىلەن ئۈچ ئالغانلىقى ئاھالىلاردا ھامان قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوشنا پەرغانە ۋە باشقا جايلارغا قېچىش ۋە كېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلغان

ئىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1759 ـ 1765 ـ يىللىرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھەمدە 1816 ـ 1878 ـ يىلىغىچە بولغان قارشىلىقلارنى باستۇرۇش جەريانلىرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە ئېنىق سانلىق مەلۇمات ئىگىلەش قىيىن، ئەمما چىنلەرنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قىرغىن قىلغانلىقى ھەقىقەت. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشچە، 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدا چىڭ سۇلالىسى ئەنە شۇنداق قىرغىن قىلىش سىياستى يۈرگۈزگەن بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار 6 ئايغىچە شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئىلىدىن بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇن يۆتكەپ كەلگەن ھەتتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى<< ئۇچتۇرپان ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرمۇ ئۇرۇقىنى قالدۇرماي، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ يوقىتىش كېرەك>> دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى[10]. ئەنە شۇ بۇيرۇق بويىچە قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەر ئىچىدىكى 2300 نەپەر ئۇيغۇر قوزھىلاڭچى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغان[11]. چىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن خەلق ئۈستىدىن قانلىق چوڭ قىرغىنچىلىق قىلىپ[12]، قورامىغا يەتكەن ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلىغان[13]، ئاجىز ياشانغانلار، ئاياللار ھەم بالىلار كوللېكتىپ ھالدا تۇتقۇن قىلىنىپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان[14]. ياش ئاياللارنىڭ بىر قىسمى مەجبۇرىي تۈردە چېرىكلەرگە خوتۇنلۇققا بېرىلگەن. نەتىجىدە 20 مىڭ نوپۇسلۇق ئۇچتۇرپان ئادەمسىز قالدۇرۇلۇپ، كېيىن ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن ۋە يەركەندىن ئىبارەت تۆت شەھەردىن 500 ئائىلە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان[15].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدىمۇ يەنە كەڭ كۆلەملىك قىرغىن قىلغان بولۇپ، جاھانگىر خوجا 1820 ـ يىلى، 1824 ـ يىلى، 1826 ـ يىلى،

ئۈچ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى چىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئالدىنقى قېتىملىق ھەرىكەتلەردە غەلىبە قازىنالماي، ئۇنىڭ قوللىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن نۇرغۇن كىشىلەر قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ئەمما، 1826 ـ يىلى، ئىيۇلدىكى قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ، ئۇزۇن ئوتمەي قەشقەر، يەركەنت، يېڭىھىسار ۋە خوتەن قاتارلىق جايلارغىچە بولغان رايونلاردىكى چىڭ قوشۇنلىرى يوقىتىلىپ، بۇ رايونلاردىكى خەلقلەر ئومۇمىي يۈزلۈك جاھانگىر خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلدى. بىراق، بۇ ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر قوزغىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەسكىرى كۈچىنى ئاقسۇغا توپلىغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 40 مىڭغا يېقىن مۇنتىزىم قوشۇنى بىلەن جاھانگىر خوجا قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا ئاقسۇ شەھىرى يېرىدىكى قۇمباش، ئۇچتۇرپان، كەلپىن قاتارلىق جايلاردا ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن بىر قاتار ئۇرۇشلار بولدى. چىڭ ئىمپېرىيىسى قوزغىلاڭنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىي قىرغىنچىلىق چارىسى قوللانغان بولۇپ، جاھانگىر خوجىنى قوللىغان ۋە ياكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى << ئوغرىلار>> دەپ جاكارلاپ، قاتتىق قىرغىنچىلىق قىلىپ جازالاش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى تىنجىتماقچى بولدى. چىڭ قوشۇنلىرى 1826 ـ يىلى، 9 ـ ئايدىن تاكى 1828 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر قاتار ئۇرۇشلار جەريانىدا قوزغىلاڭچىلار ئۈستىدىن بىر قاتار دەھشەتلىك ۋە كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. مەسىلەن، 1826 ـ يىلى، 23 ـ سېنتەبىر كۈنىدە قۇمباش ئەتراپىدىكى ئۇرۇش جەريانىدا 1000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ۋە پۇقرالارنى قىرىپ تاشلىدى. 11 ـ ئايدا كەلپىن ئەتراپىغا ھۇجۇم قوزغاپ، 3000 دىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. چىڭ قوشۇنلىرى 1827 ـ يىلى، 3 ـ ئايدا قەشقەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپ، يەڭىئېرىق، بارچۇق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغا كەلگەندە يەنە 3000 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ئاممىنى قىرىپ تاشلىدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر غوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا قوزغىلاڭچىلارنى قىرغىن قىلىشىغا ئائىت سانلىق ئۇچۇرلارنى ۋە بەزى ئەھۋاللارنى

هازىرقى زامان تارىخىي كىتابى << شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى>> ھەمدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ رەسمىي تارىخىي ھۆججەتلىرى توپلىمى ھېسابلىنىدىغان<< چىڭ شىلۇ>> دىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

<< شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى>> دا چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر غوجىغا ئەگەشكەنلەرنى قانداق قىرغىن قىلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1827 ـ يىلى، 20 ـ مارت كۈنى چىڭ قوشۇنلىرى جاھانگىر خوجىنىڭ قوشۇنلىرى ئورۇنلاشقان يېزىسىغا ئۈچ يول بىلەن باستۇرۇپ كىردى ھەم ئارقىدىنلا پەيزىۋاتقا ھۇجۇم قىلىپ، پەيزىۋات تەۋەسىدە10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى ھەمدە 2500 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلدى. << چىڭ شىلۇ>> دىكى ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، پەيزىۋاتتىكى يېڭىئاۋات يېزىسىغا جاھانگىر خوجىنىڭ قوزغىلاڭچىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، 100 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم ئورۇنلاشقان بولۇپ، چىڭ قوشۇنلىرى بۇ يەرگە ھۇجۇم قوزغاپ، زەمبىرەكلەرنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق قارشىلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلار دىن 40 ـ 50 مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى( 16). چىڭ قوشۇنلىرى ئارقىدىن يەنە ياندىما قاتارلىق جايلاردىمۇ قىرغىن قىلدى

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر كونا شەھىرى ۋە قوزغىلاڭچىلار قولىدىكى مانجۇ شەھىرىنى ئېگىلەش ئۇرۇشى جەريانىدىمۇ ئەنە شۇنداق قىرغىنچىلىق قىلىش ئۇسۇلى قوللانغان بولۇپ، جۇڭگو مەنبەلىرى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ 1927 ـ يىلى ،26 ـ 27 ـ مارت كۈنلىرى قەشقەرنى ئېلىش ئۇرۇشى جەريانىدىلا 60 مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ

خوتەننى ئېلىش ئۇرۇشىمۇ ئەنە شۇنداق قىرغىنچىلىق بولدى. خوتەن ئۇرۇشى جەريانىدا 2000 دىن ئارتۇق ئادەم چىڭ قوشۇنىنىڭ قولىدا ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ، ياكى قوللىغان ۋە ياكى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ ھەم بۇ مەزھەپتىكى خوجىلارنى قوللىغانلارغا نىسبەتەن قاتتىق قول جازالاش چارىسى قوللانغان بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە قارا تاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلار قوراللاندۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرغۇچىلارغا قارشى قويدى. چىڭ سۇلالىسى ئىزچىل تۈردە ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلانغان بولۇپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى مەيداندىكى ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا قارا تاغلىقلاردىن تۈرلۈك شەكىلدە پايدىلانغان ئىدى. قارا تاغلىقلار قوزغىلاڭغا قاتنىشىشتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇلارنىڭ بەزى خوجىلىرى ۋە بەگلىرى ئاستىرتتىن چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ھەمكارلاشتى ۋە چىڭ قوشۇنلىرىنى ئاق تاغلىق قوزغىلاڭچىلار ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، چىڭ قوشۇنلىرىنى ئاشلىق، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ۋە ھەتتا ئۇلار تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش يولىنى تۇتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قېلىشى تەبىئىي ئىدى.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلگەن ئەشۇ سانلىق مەلۇماتلارنى جەملىگەندە چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا، يەنى1820 ـ يىلىدىن 1828 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى ئاز دېگەندە110 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ چىقىدۇ. يارىدار قىلىنغان، تۈرمىلەرگە تاشلانغان ۋە كېيىن جازالانغانلارنىڭ

سانى بۇ يەردە ئېنىق ئەمەس. << چىڭ شىلۇ>> دىمۇ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قۇمباشتىن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىلگىرى ـ كېيىن يېڭىئاۋات، شاپتۇل قاتارلىق جايلاردىلا 100 مىڭدىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە مىڭنى تۇتقانلىقى ھەم قارشىلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ(17).

ئۇيغۇر مەنبەلىرىدىمۇ بەزى ئۇچۇرلار قالدۇرۇلغان بولۇپ، موللا مۇسا سايرامى مۇنداق مەلۇمات قالدۇرىدۇ:

<< جاهانگىر خوجا قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ چىرىكلىرى جاهانگىر خوجا دەۋرىدە قەشقەردە مەنسەپ تۇتقان ياكى خىزمەت قىلغان كىشىلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى، يەر ـ مۈلۈكلىرىنى ۋە چارۋا ـ ماللىرىنى ئولجا ئالغاندىن تاشقىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوغۇل ـ قىز، كىچىك بالىلارنى ئولجا ۋە ئەسىر قىلىپ، بۇ تەرىپى ئىلى، ئۇ تەرىپى لەنجۇغىچە ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگولارنىڭ ئىشلىتىپ خىزمەتك سېلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى>>[18]. ئۇ، يەنە بۇ ئىشتىن كېيىن قوقان خانىنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن چىڭ خانى يارلىق چۈشۈرۈپ، ئولجا ئېلىنغان بۇ بالىلار ۋە ئاياللارنى يۇرتلىرىغا قايتۇرغانلىقى، لېكىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ بۇ ئارىدا چىڭ سۇلالىسى چىرىكلىرىگە خوتۇنلۇققا تۇتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىك بولغانلىقى ھەم بالىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى يازىدۇ[19].

بەلكى ، مۇسا سايرامىنىڭ بۇ مەلۇماتى 1830 ـ يىلى، قوقان خانلىقى بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، قوقانلىقلارنىڭ قەشقەردە زور سودا ۋە ئىقتىسادىي

ئىمتىيازغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئارقاكورۇنۇش بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك.

مۇھەممەد ئاتىف ئۆزىنىڭ <<تارىخىي كاشغەر>> ناملىق كىتابىدا **1847** ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشتا چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەھشىلىكلىرىنىڭ شۇ قېتىملىق كۆچۈشكە سەۋەب بولغانلىقى ھەمدە كۆچۈشنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرغان بولۇپ، قەشقەر ئاھالىلىرىنىڭ <<چىنلىقلار كېلىدىغان خەۋپ ۋە ۋەھشىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن قىشنىڭ سوغۇقلىرى ۋە يوللارنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي قوقانىكە كۆچكەنلىكى>>نى كۆرستىدۇ.**[20]**

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇش جەريانىدىكى رەھىمسىزلىكلىرى ۋە قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، تەرتىپ ئورنىتىلغاندىن كېيىن داۋاملىق تۈردە خوجىلار ھۆكۈمىتىدە خىزمەت قىلغان ۋە قوزغىلاڭغا قاتناشقان ھەم ئەگەشكەنلەرنى قاتتىق جازالاش تەدبىرلىرى قوللانغانلىقى ،ۋەلىخان تۆرە قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەلىخاندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە زۇلۇم سالغانلىقى چوقان ۋەلىخانوف تەرىپىدىنمۇ تەكىتلەنگەن ئۇ، مۇنداق دەپ يازىدۇ:

<< جۇڭگولۇقلار قەشقەرنى ئىگىلەپ، ۋەلىخاندىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە ئىش تۇتتى. بولۇپمۇ، ئاشلىق، چارۋا ـمال، يەم ـ خەشەك ۋە باشقىلارنى يىغىپ بەرگەن ئەتراپتىكى يېزىلار جۇڭگولارنىڭ زەربىسىگە بەكرەك ئۇچرىدى. ھەتتا مەسچىتلەرنىڭ دەرىزە، ئىشىك ھەم

خوجىلارنىڭ مازارلىرىنىڭ ياغاچ قىسىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ زور دات ـپەرياتلىرىغا قارىماي ئوتۇن قىلىپ ئىشلىتىلدى. قالماقلار مەسچىتلەرنىڭ ئىچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتخانىسى قىلدى ھەمدە يەرلىك كىشىلەرنى سەۋەبسىز ئۇردى ھەمدە ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى.>>[21].

ۋەلىخان قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەرگە كەلگەن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت ھەققىدە بىۋاستە ئىشەنچلىك مەلۇمات توپلاشقا مۇۋەپپەق بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، چىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە يېڭىدىن ھاكىمبەكلىككە تەيىنلەنگەن قۇتلۇقبەگ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئادەملەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە باشقىلارغا ساۋاق بېرىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن. ۋەلىخانوفنىڭ بايان قىلىشىچە، قوزغىلاڭچىلارنى قوللىغان شەيخ ئاخۇن ئىسىملىك ئۇيغۇرنىڭ چوڭ ئوغلى قازى ئاخۇن تۇرمىگە تاشلىنىپ ئۇرۇپ قىيناشقا ئۇچرىغاندىن كېيىن كاللىسى ئېلىنغان، باشقا ئىككى ئوغلى بولسا قورقۇپ قوقانكە قېچىپ كەتكەن[22].

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالغان خەلقلەرگە قارىتىلغان يەنە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقى ۋە تالان ـتاراج قىلىشى 1877 ـ 1878 ـ يىللىرى زو زوڭتاڭ ۋە لىئۇ جىنتاڭ قوماندانلىقىدىكى ھەربىي يۈرۈشى جەريانىدا يۈز بەردى. چىڭ قوشۇنلىرى داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ، تاكى ياركەنت ۋە قەشقەرغىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلىش جەريانىدا بىر قىسىم جايلاردا قاتتىق قارشىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ھەر بىر قېتىملىق قارشىلىق قاتتىق باستۇرۇلدى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك جازا يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ كۆپ ساندىكى ئاھالىسى چىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن رۇسىيە تەۋەسىگە

قىچىپ ئۆتۈپ كەتتى. چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار، بولۇپمۇ ياقۇپ بەگ ھۆكۈمىتىدە يۇقىرى خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتتىق ۋە رەھىمسىز بولدى. ھەتتا ياركەنتتە ياقۇپ بەگنىڭ ئايالى، ئىككى كىچىك ياشتىكى ئوغلى ھەم ئۈچ نەۋرىسى لىئۇ جىنتاڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى[23].

جۇڭگو تارىخچىسى گۇئو يىڭدېنىڭ يېزىشىچە، 1877 ـ يىلى، لىئۇ جىنتاڭ ياركەنت ۋە خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن 7450 ئادەمنى تۇتقۇن قىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 1166 ئادەم مانجۇرلارغا قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشقانلار ئىدى. لىئۇ جىنتاڭ بۇ ئادەملەرنى كوللېكتىپ قىرىپ تاشلىدى ،قالغان چەتئەللىك سودىگەرلەر، دىنىي زاتلار ۋە باشقىلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقاردى[24]. 1878 ـ يىلى، تېخى قەشقەردىن كەتمەي يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ياقۇپ بەگنىڭ ئىلگىرى سانكتپېتېربۇرگ ۋە تاشكەنتكە ئەۋەتكەن ئەلچىسى موللا تۇراپ خوجا مەخپىي تۈردە تۈركىستان گۇبېرناتورىغا خەت ئەۋەتىپ، چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغان. ئۇ، خېتىدە قەشقەر، ياركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان 72 ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى مەلۇم قىلغان[25].

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى پۈتۈن قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى بايلارنىڭ، قوزھىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ ئۆي ـماكانلىرىنى، مال ـمۈلكى ۋە بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلغان بولۇپ، زو زوڭتاڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ خاتىرە قالدۇرغان:

<< لئو جنتاڭ قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىش ۋاقتىدا شەھەرنىڭ زور كۆپچىلىك ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ـ ماكانلىرى، بايلىقلىرى ۋە قىممەت باھالىق ئۆنچە ـ مارجانلىرى نى تاشلاپ چەتئەلگە، رۇسىيگە قېچىپ كەتكەن ۋە بۇلار لئو جنتاڭ تەرىپىدىن يىغىۋېلىندى. بۇلارنىڭ قىممىتى 153، 70 لياڭ( سەر) كۈمۈشكە باۋارەر. سابىق توپىلاڭ رەھبەرلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلىندى. بۇنىڭ قىممىتى 4827 سەر كۈمۈشكە تەڭ>>[26].

زو زوڭتاڭ ۋە لئو جنتاڭ قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپبەگ ھاكىمىيتىنى يوقىتىپ، بۇ ئۆلكىنى قايتىدىن ئىشغال قىلىش جەريانىدا تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۇنۇملۇك بىرى ياقۇپ بەگنىڭ پارغانلىقلارنى مۇھىم باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قويۇپ، يەرلىكلەرگە نىسبەتەن ھاكىمىيەتتىن يىراقلاشتۇرۇش سىياستى قوللىنىشىدىن پايدىلىنىپ، ياقۇپ بەككە نارازىلىقى بار بىر قىسىم يەرلىك بەگلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق ياقۇپ بەكنى ئۆلتۈرۈش ھەمدە قەشقەرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش ئىختىلاپلىرى ۋە پەرغانىلىقلارنىڭ كۆپ ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ، يەرلىك بەگلەرنى چەتكە قېقىش قاتارلىق تەرەپلەر بۇ دۆلەتنىڭ يوقىلىشىدىكى ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جازا يۈرۈشى جەريانىدا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيتىنىڭ ھامان يىمىرىلىشىنى كۆرگەن قەشقەرىيە يەرلىك ئاھالىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم پۇرسەتپەرەس بەگلەر ، سودىگەرلەر ھەم باشقىلار ئۆز ھاياتىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن چىڭ قوشۇنلىرىغا ئالدىدا بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ماسلاشتى. بىراق، بۇ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋال ئەمەس بولۇپ، يەنىلا ئومۇمىي خەلق ئۆز مۇستەقىل ھاكىمىيتى بولغان يەتتە شەھەر دۆلىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت

قىلدى ۋە ياكى سۆكۆت قىلىش ئۇسۇلى قوللاندى. بەزىلىرى بولسا ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىش يولىنى تاللىدى ،ئەمما 1878 ـ يىلى پۈتۈن قەشقەرىيە ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، زو زوڭتاڭ ۋە لىئۇ جىنتاڭ گورۇھى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، بۇ رايوننى ئىشغال قىلىش جەريانىدا قوللانغان دەسلەپكى بەزىبىر يۇمشاقراق تاكتىكىلىرىنى ۋە چاقىرىلىقلىرىنى ئۆزگەرتتى. نەتىجىدە، بىر قىسىم جايلاردىكى خەلق قايتىدىن قارشىلىق كۆرسىتىش پارتىزانلىرى ئورۇشلىرىغا ئۆتتى. پەرغانىغا كەتكەن ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى بەگ قۇلبەگ ۋە ھاكىمخان تۆرە قاتارلىقلار يەنە قوشۇن تەييارلاپ چېگرىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلەر قىلدى. 1879 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونىدىكى قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلۇپ، 2000 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. 1879 ـ يىلى ۋە 1880 ـ يىلى يەنە قوزغىلاڭلار يۈز بەرگەن بىرىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتتى[27]. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ياقۇپ بەگنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان خوتەننىڭ ۋالىيسى نىياز بەگمۇ چىڭ ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىش يولىنى تۇتتى. بىراق، ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخچىلىرى زو زوڭتاڭنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى <<ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىغان قەھرىمان>> دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ شەنشىدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنى نەسلىدىن يوقىتىش تۇسى ئالغان ئېتنىك تازىلىشى ھەتتا خەنزۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى مىللەتچىلىك قوزغىلىڭى ـ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇرغانلىقىغا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش ئورۇشىنى پۈتۈنلەي ئاخلاپ، پەدەزلەپ، ئۇنى ئۇيغۇرلارنى ئازاد قىلغۇچى تەرىقىسىدە كۆرسىتىدۇ. ئومۇمەن، بىر قىسىم تارىخچىلار 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى خوجىلار باشچىلىقىدىكى بارلىق قوزغىلاڭلارنى قارىلاپ، بۇنى خوجىلارنىڭ "تاجاۋۇزچىلىقى" دەپ ئاتايدۇ ھەمدە خوجىلارنى "زوراۋان"، "بۇلاڭچى"، خەلقنى "مەجبۇرىي ئۆزگە

ئەگەشتۈرگەن" دەپ چۈشەندۈرۈش بىلەن چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەر قەتىملىق باستۇرۇش ئۇرۇشلىرى جەريانىدىكى ئۇيغۇرلارغا قىلغان قىرغىنچىلىقلىرىنى كۆرسەتمەي، ئۇنىڭدىن چەتنەپ ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىش ھەرىكەتلىرىنى بولسا، خوجىلار تەرىپىدىن "مەجبۇرلانغان" دەپ تەرىپلەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان جۇڭگو دۆلەت بىرلىكى ئىدېئولوگىيىسى نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، مانجۇلار قۇرغان چىڭ ئىمپېرىيىسى پۈتۈن جۇڭگونى بويسۇندۇرۇش جەريانى ۋە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا ئۇزۇن مەزگىل خەنزۇلارنىڭ مانجۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى داۋاملاشقان ئىدى. بۇ ۋەقەلەر ئادەتتە جۇڭگو تارىخىدا << فان مان يۈندوڭ>> يەنى <<مانجۇلارغ قارشى ھەرىكەت>> دەپ ئاتىلىدۇ. جۇڭگو تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خەنزۇلارنىڭ تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى ۋە باشقا مەن چىڭ ئىمپېرىيىسگە قارشى بۇ ھەرىكەتلىرى بولسا، ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ۋە ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ھەرىكەتلىرى بولسا قارىلىنىدۇ. ئەمەلىي تارىخى رېئاللىقتىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار ، تۇڭگانلار ۋە باشقا مىللەتلەر خۇددى خەنزۇلارغا ئوخشاشلا مەنچىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغۇچىلار بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئوخشاش ئىدى. لېكىن، مانجۇلار پۈتۈن ئىمپېرىيىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن خەنزۇ يۇقىرى تەبىقە گۇرۇھى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنى دۆلەتنى ھەربىي ـسىياسىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىشقا قاتناشتۇردى. خەنزۇلار، تۇڭگانلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى باستۇرۇشتا ئەشۇ گۇرۇھ ئاكتىپ رول ئوينىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 1759 ـ 1760 ـ يىللىرىدىن تاكى 1954 ـ 1963 ـ يىللىغىچە بولغان ئىككى ئەسىر تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈشلىرى دائىم كەڭ كۆلەملىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئومۇمىي نۇقتىدىن ئالغاندا، بۇ جەرياندىكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلەر ھەر 20 ـ 60 يىلدا بىر قېتىم يۈز بەرگەن. مەسىلەن، 1759 ـ 1760 ـ يىللىرىدىكى كۆچۈشتىن ، 60 يىللار ئۆتۈپ، 1816 ـ 1880 ـ يىللىرىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن، 30 ـ 40 يىللار ئۆتۈپ، 20 ـ ئەسىرنىڭباشلىرىدا ۋە يەنە 30 ـ 40 يىللار ئۆتۈپ، 1950 ـ 60 يىللاردا يۈز بەردى.

بۇ ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئەڭ زور كۆچۈشلەر 1816 ـ 1882 ـ يىللىرى ئارىسىدا كۆپ قېتىم يۈز بەردى. ھەتتا بۇ جەرياندا ھەر بىر قانچە يىل ، ئون نەچچە يىللار ئىچىدە بىر قېتىمدىن تەكرار يۈز بەردى. شۇ ۋاقىتلاردىكى كۆچۈشنىڭ قېتىم سانىنىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قاراپ تۇرۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىق پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتەسۇدا ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپەيگەن باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈپ يەرلەشكەن بىر قىسىم قەشقەرىيىلىك ئەرلەرنىڭ تەكرار ئۆزلىرىنىڭ خوجىلىرىغا ئەگىشىپ ، قايتىدىن ئانا ۋەتىنى قەشقەرىيىنى مانجۇلاردىن قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەرغانە ۋادىسىغا يەرلەشكەن قەشقەرىيىلىكلەرنىڭ كۆپلەپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

2) 20 ـ ئەسىردىكى كۆچۈشلەرنىڭ سەۋەب ـ ئامىللىرى

يۇقىرىدا قەيت قىلغانىدەك، 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى كۆچۈشلەردە چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ باستۇرۇشىدىن ساقلىنىش خەۋپى بولغان بولسا، 20 ـ ئەسىردىكى كۆچۈش قويۇق سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا قوشما پەرغانە ۋادىسىدا يەرلىشىپ قېلىشىدا ھەمدە ئىككىنچى يېرىمىدىكى كۆچۈش ھەرىكىتىدە ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئامىلنى نەزەرگە ئېلىش لازىم.

بىرىنچى ئامىل، بۇ رايونلاردا ئىلگىرىدىنلا يەرلىشىپ بولغان بىر قانچە ئەۋلاد زورساندا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ، يەرلىك ئاھالىلار بىلەن بولغان نىسبەتتە مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى.

ئىككىنچى ئامىل. ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئامىلى. بۇ رايوننىڭ چار رۇسىيە ئىمپېرىيىسى تەركىبىدە بولۇش بىلەن سودا ـ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سانائەت جەھەتلەردىن ئۇيغۇر ئېلىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلغار ۋە راۋاجلانغان بولۇشى

بولۇپمۇ ،1918 ـ يىلىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ،ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ئۆزگىرىشلەر. بولۇپمۇ مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتلەردىكى كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتلار.

ئۈچىنچى ئامىل. سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيە ۋە مىللەتپەرۋەرلىك .

1917 ـ يىلىدىكى فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. رايوندا مۇستەقىللىق، ئىسلامى گۈللىنىش، تۈركچىلىك، كوممۇنىزم قاتارلىق يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

بولۇپمۇ، گرازھدانلار ئۇرۇشى مەزگىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مىللىي چېگرىلارنى ۋە مىللىي مەمۇرىي چېگرىلارنى ئايرىش ھەم بېكىتىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئايرىم مىللەت ھەم مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى ھەمدە ئايرىم ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدىيىلىرى دۇنياغا كەلدى.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، كوممۇنىستلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ << قەشقەرىيە ـ جۇڭغارىيە ئىشچى دېھقانلار ئىتتىپاقى>> دەپ ئاتالغان تەشكىلاتى 1921 ـ يىلى ،4 ـ ئىيۇندا تاشكەنتتە تۇنجى قېتىم

قۇرۇلتاي چاقىرىپ، بۇ ناملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، << ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقى >> دېگەن نام ئاستىدىكى تەشكىلاتنى قۇردى. بۇلارنىڭ تۈپ سىياسىي شۇئارى ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە <<ئۇيغۇرستان>> ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئاتالغان ئاھالىلارنىڭ ئايرىم خەلق ئەمەس بەلكى ئەسلى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىيدىن كۆچۈپ چىققان بىر خەلق ـ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ، ئۇلارغا ئورتاق ئۇيغۇر نامىنى بېكىتىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ پروگراممىلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قوشنا شىنجاڭدىكى جۇڭگو مىلتارىست ھاكىمىيىتىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇ يەردىكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇرستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار گېزىت ۋە مەبۇئاتلارنى پەيدا قىلىپ، كەڭ تەشۋىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا كۆپ ساندىكى قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىققان خەلقلەر بۇ ھەرىكەتلەرگە قوشۇلدى ۋە قوللىدى. دېمەك ئەنە شۇنداق خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلغانلىقى ۋە قوللىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ بارسا، مىللىتارىستلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرىشى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۆز تۇپراقلىرىدا دۇچ كېلىۋاتقان قالاق ۋەمۇستەبىت ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۈزۈمنى كۆرۈشنى خالىمىغانلىقىدىن بۇ جايلارغا يەرلىشىش يولىنى تاللىغان.

مەلۇمكى، 1931 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى يۈز بېرىپ، 1933 ـ يىلى، 12 ـ نويابىردا قەشقەردە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. بىراق، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ھۆكۈمەتنى قوللىماي، خەنزۇ مىللىتارىستى شېڭ شىسەينى قوللاپ، سوۋېتپەرەس ئۆلكە ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ ئۆلكىگە مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىن

كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ھال ئۆلكىنىڭ سوۋېت مودېلىدىكى مەدەنىيەت-مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىش مەنزىرىسىنى ياراتتى. بارلىق دەرسلىك ماتېرىياللىرى ئاساسەن دېگۈدەك ،سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كېلىندى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ياشلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى.

1944-يىلىغاكەلگەندە ئىككىنچى قېتىملىق مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى بولۇپ، غۇلجىدا <<شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى>> قۇرۇلدى. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى تاكى 1949-يىلى، جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭنى ئىگىلىگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي قاتارلىق ئازاد ئۈچ ۋىلايەت ھەمدە ئۆلكىنىڭ باشقا جايلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭھەر خىل تەسىرى ئاستىدا بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1946-يىلدىن كېيىن شىنجاڭدا سوۋېت پۇقرالىقىغا قوبۇل قىلىش ئېلىپ بېرىپ، زور ساندا كىشىلەرگە سوۋېت پاسپورى تارقاتتى.

1949-يىلدىن كېيىن، ئۆلكىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولۇشىدىن كېيىن كېلىپ چىققان بىر قاتار، سىياسىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر ،مىللەتپەرۋەرلىككە زەربە بېرىش ھەمدە سىياسىي كۈرەشلەر شۇنىڭدەك يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېغىر چېكىنىش ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر ئۇيغۇرلارنىڭ1955-يىلدىن تاكى 1962-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي ھۆججەتلەر بىلەن سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا كۆچۈشى، 1962-يىلى، ماي ئېيىدا كەڭ كۆلەمدە ، ئاممىۋى يوسۇندا چېگرىدىن قېچىپ ئۆتۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئىلكتاپ ئىشلىگۈچى مسرانىم مۇنبىردىن SaZGuRi:

ئەسكەرتىش :مەركۈز ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مسرانىم توربىدىن ئېلىنغان بولۇپ ئىلكتاپ ئىشلىگۈچى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ....



WwW.BbS.MiSRaNiM。CoM